مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# گو يىلى: چەكسىز ساداقىتىنى ۋەتەنگە بېغىشلىدى



گو يىلى سولدىن(3 - كىشى) لاسا شەھىرىنىڭ موجۇ گۇڭكا ناھىيەسىدىكى تاغ جىسمى سىيرىلىش نەق مەيدانىدا قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە قوماندانلىق قىلماقتا. (2013 - يىلى 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى تارتىلغان)

شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان(جاڭ چۈەن فوتوسى)

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى لاسا تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان(ليۇ شىن، گې تاۋ)** «نەرە تارتىپ يېقىندىكى كۆك ئاسمانغا، تىك تۇرارمەن قارلىق چوققىدا. چاقىرارمەن ئەڭ سۆيۈملۈك ۋەتەننى، ھاياتىم بىرلە قوغدايمەن ئىناقلىق ۋە ئامانلىقنى...»قوراللىق ساقچى قىسىم شىزاڭ باش ئەترىتىنىڭ سابىق سىلىڭيۈەنى گو يىلى ئىجاد قىلغان «قارلىقتىكى ئىز» ناملىق بۇ ناخشا ھازىرغىچە كەڭ ئېيتىلىپ كەلمەكتە. چېگرانى قوغدىغان 38 يىلدا، گو يىلى قىممەتلىك ھاياتىنى بىر ئۆمۈر سۆيىدىغان مۇنبەت زېمىنغا بېغىشلىدى. ئۇنىڭ سۆز ۋە ھەرىكەتتە ئۈلگە بولۇشى تۆركۈم - تۆركۈم ئوت يۈرەك ياشنى ئېگىزلىكتە يىلتىز تارتىپ، چېگرا رايوننى قوغداشقا ئىلھاملاندۇردى.

گو يىلى، 1958 - يىلى 5 - ئايدا تۇغۇلغان، سىچۈەن يائەندىن، 1976 - يىلى 12 - ئايدا ھەربىيلىككە قاتنىشىپ شىزاڭغا كەلگەن، 1979 - يىلى 2 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. جەڭچى، پەيجاڭ، مۇئاۋىن ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقى، ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقى، بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ پونكىت باشلىقى، چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ جېڭۋېيى، سابىق لاسا قوماندانلىق مەكتىپىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى، سابىق باش ئەترەت ئارقا سەپ بۆسىنىڭ بۇجاڭى، باش ئەترەتنىڭ سەنمۇۋجاڭى، باش ئەترەتنىڭ مۇئاۋىن باش ئەترەت باشلىقى، باش ئەترەت باشلىقى، شىزاڭ باش ئەترىتىنىڭ سىلىڭيۈەنى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

2008 - يىلى 3 - ئايدا، ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى مۇقەددەس ئوتىنىڭ جۇمولاڭما چوققىسىغا ئېلىپ چىقىلىشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، گو يىلى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم ئەترەتنى باشلاپ لاسادىن جۇمولاڭما چوققىسى چوڭ لاگېرىغىچە بولغان لىنىيەنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ، ۋەزىپە رايونىنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلەپ، قاتناش ھادىسىسى، تەبىئىي ئاپەت، ئاپتوموبىل كاشىلىسى قاتارلىق ئالتە چوڭ تۈردىكى 18 خىل تاسادىپىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش لايىھەسىنى تۈزگەن ھەم نەق مەيداندا ئەمەلىي مانېۋىر ئۆتكۈزگەن. 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى 8دىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە، گو يىلى ئەترەتنى باشلاپ 670 كىلومېتىرلىق ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ، مۇقەددەس ئوتنى قوغداپ دېڭىز يۈزىدىن 5200 مېتىر ئېگىزلىكتىكى جۇمولاڭما چوققىسى چوڭ لاگېرىغا يەتكۈزگەن.

گو يىلى ئەسكەرلەرنى مەشىقلەندۈرۈش، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش خىزمىتىگە ئىنتايىن قاتتىق تەلەپ قويغان. 2010 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، مەلۇم تارماق ئەترەت بىر قېتىملىق چوڭ تىپتىكى ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغان بولسىمۇ، گو يىلى «قۇسۇر» تاپقان: شوپۇرنىڭ ناتونۇش يولنىڭ ئەھۋالىغا ماسلىشىش ئىقتىدارى ناچار ئىكەن، قوماندانىنىڭ جىددىي بىر تەرەپ قىلىشى تازا كەسكىن بولمىدى.

يولدىكى مەسىلىلەرنى يەنىلا يولغا چىقىپ ھەل قىلىش كېرەك. ھەر يىلى بارلىق موتورلۇق قىسىملارنى مەشىقلەندۈرىدىغان «پۈتۈن رايون بويىچە ئۇزۇن يوللۇق ھەرىكەتچان دالا مەشىقى» تەسەۋۋۇرى گو يىلىنىڭ كاللىسىدا ئاستا - ئاستا شەكىللەنگەن.

ئۇزاق ئۆتمەي، مىڭ چاقىرىملىق موتورلۇق قىسىملار چوڭ مەشىقى قار - شۇۋرغان ئىچىدە باشلانغان.

بەزى ئورۇنلار دوكلات قىلىپ مۇنداق دېگەن: مەلۇم تېپتىكى جابدۇقلار ئۇزۇن، ئېغىر بولغاچقا، دۆلەت يولىدىكى «تەبىئىي خەتەر» بۆلىكىدە ھەرىكەت قىلىشى قولايسىز بولۇۋاتىدۇ، قايتىپ كېتىشكە بولامدۇ - يوق؟ ئالدى تەرەپتە يول ياسىلىۋېتىپتۇ، بەلگىلەنگەن ۋاقىتنى بېسىپ كېچىكتۈرۈشكە بولامدۇ - يوق؟ گۈمۈرۈلۈشكە دۇچ كەلدۇق، ئالغا ئىلگىرىلىگىلى بولمىدى...

ئادەتتىكى مەشىقتە چاتاق چىقىشتىن قورقسا، ئۇرۇش مەزگىلىدە پايپېتەك بولۇپ چوڭ چاتاق چىقىدۇ. گو يىلى كەسكىن ھالدا: «يول راۋان بولمىسا سەن راۋانلاشتۇر، راۋانلاشتۇرالمىساڭ ئاپتوموبىلنى يۈدۈپ كەل!» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن.

گو يىلى ئەمەلىي ئۇرۇشنى نىشانلاپ، جەڭ قىلالايدىغان، جەڭدە غەلىبە قىلالايدىغان بولۇشنى نىشانلاپ، ئۇرۇشقا ماھىر ئېگىزلىك قىسمىنى يېتىشتۈرۈپ چىققان، لاسا تارماق ئەترىتى قاتارلىق ئورۇنلار پۈتۈن ئارمىيە بويىچە ھەربىي مەشىقتىكى 1 - دەرىجىلىك ئورۇن بولۇپ باھالانغان، ئۇ تەتقىق قىلىپ چىققان ئون نەچچە خىل ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلى ئېگىزلىكتە ئومۇملاشتۇرۇلغان.

2013 - يىلى 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، گو يىلى ھاردۇق يېتىپ ئاغرىقچان بولۇپ قېلىپ، يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى تۇيۇقسىز قوزغىلىپ، خىزمەت ئورنىدا چارچاپ يىقىلغان.

ئۇ ۋاپات بولغان بولسىمۇ، روھى مەڭگۈ ھايات. قوراللىق ساقچى قىسىم شىزاڭ باش ئەترىتى باش ئەترەت تارىخىي سارىيىدا مەخسۇس گو يىلىنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرى كۆرگەزمە رايونى تەسىس قىلىپ، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنى پېشقەدەم سىلىڭيۈەنى ئۈلگە قىلىپ، ئېگىزلىكتە يىلتىز تارتىپ، بۇرچىنى ئادا قىلىشقا ئۆزىنى بېغىشلاپ، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئېغىر ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشقا ئىلھاملاندۇردى.

# دېھقان ئوغلى يۇ خېيخې

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى خاربىن تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان(مۇخبىر چى خۇڭشىن)** 2013 - يىلى 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، خېيلوڭجياڭ ئۆلكىسى باۋچىڭ ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە زامانىۋى يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىدىن ئۈلگە كۆرسىتىش باغچە رايونى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يۇ خېيخېنىڭ كېسىلى خىزمەت ۋاقتىدا تۇيۇقسىز قوزغىلىپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ئالەمدىن ئۆتكەن، شۇ يىلى 51 ياشتا ئىدى. يۇ خېيخېنىڭ خىزمەت ئورنى دائىم ئۆزگىرىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلەيدىغان چاكارلىق ھېسسىياتى ئۆزگەرمىگەن.

يۇ خېيخې 1962 - يىلى دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن، يۇ خېيخې ئىزچىل «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» ساھەسىدە كەسپىنى قەدىرلەپ، جان تىكىپ كۈرەش قىلىپ، نەچچە ئون يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزگەن. كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئۇنىڭ يوتا سۆڭەك بېشى نېكروزلانغانلىقتىن، يول ماڭغاندا ھەمىشە ئاقساپ ماڭاتتى، لېكىن بۇ سىيما ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقان كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئىنتايىن يۈكسەكلىككە ئىگە ئىدى.

ئۇ باۋچىڭ ناھىيەسى لوڭتوۋ يېزىسىنىڭ مۇئاۋىن يېزا باشلىقى بولغان مەزگىلدە، ئاممىنىڭ ھوسۇلىنى، كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئەلا سۈپەتلىك سېرىق پۇرچاق سورتى «153»نى تېرىشنى سىناق تەرىقىسىدە كېڭەيتكەن. دەسلەپتە دېھقانلار بۇ سورتنى ئېتىراپ قىلمىغان، يۇ خېيخې ئۆزى يېتەكچىلىك قىلىپ ئۇرۇقچىلىق بازىسى قۇرۇپ، ئۆيمۇئۆي كىرىپ ئاممىنى يېزىدا ئېچىلغان تەربىيەلەش كۇرسىغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلغان. ھەتتا بىرقىسىم كىشىلەرنىڭ مازاق قىلىشىغا ئۇچرىسىمۇ چىداپ، ئېتىز باشلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىپ، ئاخىرى ئەلا سورتنى ئومۇملاشتۇرغان. ئاشلىق ھوسۇلى ئاشقان، دېھقانلارنىڭ كىرىمى كۆپەيگەن، «153» نۇرغۇن دېھقان ئائىلىلىرىنى كۆزىدە «كېسەك ئالتۇن»غا ئىگە قىلغان. چىشىڭپاۋ بازىرىنىڭ بازار باشلىقى، پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغان مەزگىلدە، ئۇ باشلامچىلىق بىلەن دېھقانلارنى ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى بولغان زىرائەتلەرنى تېرىشقا يېتەكلەپ، نۇرغۇن دېھقان ئائىلىسىنى بېيىش يولىغا باشلىغان.

يۇ خېيخې دائىم ئۆزىنى مەن دېھقاننىڭ ئوغلى، دېھقانلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشۈم، دېھقانلارغا جاۋاب قايتۇرۇشۇم، دېھقانلارغا ياردەم بېرىشىم كېرەك، دەيتتى. مەيلى قايسى خىزمەت ئورنىدا بولسۇن، ئۇ سەھەر تۇرۇپ كەچ يېتىپ، باش چۆكۈرۈپ جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، ھەمىشە خىزمەت ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىغان. ئۇ باۋچىڭ ناھىيەسى زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنىڭ يول ئاچقۇچىسى ۋە ئاساس سالغۇچىسى. يېزا ئىگىلىكى كەسپىنى كۈلەملەشتۈرۈش ئۈچۈن، يۇ خېيخې يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىدىن ئۈلگە كۆرسىتىش باغچە رايونلىرىنى قەتئىي بوشاشماي يېتىشتۈرۈپ، يۆلەپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۆرلۈك باغچە رايونىدىن 30نى قۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلغان. ئۇ بىر قولluq پىلانلاپ قۇرغان فاڭشېڭ زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى ئۈلگە كۆرسىتىش باغچە رايونى پۈتۈن ئۆلكىنىڭ زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىدىكى بايراقتا ئايلانغان.

يۇ خېيخې ئالدىراش چاغلاردا دائىم ئىسسىق تاماقمۇ يېيەلمەيتتى، كۆپ يىللاردىن بۇيان كېسەل چىرمىۋالغاچقا، خىزمەت قىلىۋاتقاندا دائىم چىرايى تاتىرىپ كېتەتتى، پېشانىسىدىن مۇنچاق - مۇنچاق تەرلەر چىقاتتى. ئەتراپىدىكىلەر ئۇنى دوختۇرخانىغا بېرىپ تەكشۈرتۈشكە ئۈندىسە، ئۇ دائىم مۇنداق دەيتتى: «ھازىر خىزمەت جىددىي پەيتتە تۇرۇۋاتىدۇ، مەن مۇشۇ بىر مەزگىللىك ئالدىراشچىلىقتىن كېيىن بېرىپ تەكشۈرتسەممۇ كېچىكمەيمەن».

2013 - يىلى ئالەمدىن ئۆتۈشتىن بىر ھەپتە ئىلگىرى، كېسىلى قوزغىلىپ قاتتىق ئاغرىپ كەتسىمۇ، ئۇ يەنىلا چىشىنى چىشلەپ خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرغان. ئالەمدىن ئۆتۈشتىن بىر كۈن ئىلگىرى، ئۇ يەنە بىر توپ ئادەمنى باشلاپ باغچە رايونىدا خىزمەتلەرنى تەتقىق قىلغان، قاتتىق ئاغرىق يەنە بىر قېتىم قوزغالغاندا، ئۇ چاندۇرماستىن ئىشخانىسىغا بېرىپ ئىككى تال ئاغرىق توختىتىش دورىسى ئىچىپ، ئۆزىنى ئازراق تەڭشىۋېلىپ يەنە خىزمەتنىڭ بىرىنچى سېپىگە قايتىپ كەلگەن. ئالەمدىن ئۆتۈشتىن بىر سائەت ئىلگىرى، ئۇ خىزمەتكە كېرەكلىك يازما ماتېرىياللارنى تۈزەتكەن. دوختۇرخانىنىڭ ئوپېراتسىيە بۆلۈمىگە كىرىش ئالدىدىمۇ، ئۇ يەنە ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە: «بۇ كۈنلەردە كېسىلىم، ئىككى تال ئاغرىق توختىتىش دورىسى يېسەملا ئوڭشىلىپ قالىمەن» دېگەن، كىم بىلسۇن، قورساق بوشلۇقى يۇقۇملىنىشتىن كېلىپ چىققان قان چىرىش كېسىلى يۇ خېيخېنى قايتا ئويغانمايدىغان مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا ئېلىپ كەتكەن.

2014 - يىلى 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى خېيلوڭجياڭ ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى يۇ خېيخېغا ئۆلكە بويىچە مۇنەۋۋەر كوممۇنىست پارتىيە ئەزاسى، دەپ تولۇقلاپ نام بەرگەن. 2014 - يىلى 6 - ئايدا، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى يۇ خېيخېغا مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر كوممۇنىست پارتىيە ئەزاسى، دەپ تولۇقلاپ نام بەرگەن.

# «ھاياتىم ئاخىرلاشقىچە ئىلگىرى قانائەتلىنەرلىك جاۋاب قەغىزى تاپشۇرىمەن»

## —— خەلق ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلەيدىغان ياخشى شۇجى ۋېن جيەنمىڭ توغرىسىدا



ۋېن جيەنمىڭنىڭ سۈرىتى(2010 - يىلى 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تارتىلغان).

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى چېن شى تارتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى چېڭدۇ تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان(مۇخبىرلار ۋۇ شياۋيىڭ، شۆ چېن)**: «ئادەمنىڭ ھاياتى ئۇنىڭ قانچىلىك ياشىغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى ھايات ۋاقتىدا جەمئىيەتكە نېمىلەرنى قالدۇرغانلىقىدا. بىر كوممۇنىست پارتىيە ئەزاسى پۇقرالار ئۈچۈن ئۆمۈر بويى ئۆزىنى بېغىشلىشى كېرەك، ئۆلۈشكە توغرا كەلسىمۇ، ھاياتى ئاخىرلاشقىچە ئىلگىرى قانائەتلىنەرلىك جاۋاب قەغىزى تاپشۇرۇشى كېرەك.» بۇ ۋېن جيەنمىڭنىڭ ھايات ۋاقتىدا قىلغان سۆزى.

ۋېن جيەنمىڭ 1963 - يىلى تۇغۇلغان، 1987 - يىلى 7 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، ھايات ۋاقتىدا سىچۈەن ئۆلكىسى نەنچۇڭ شەھىرى يىڭشەن ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، چېڭنەن بازارلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغان.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ بېشىدا، ۋېن جيەنمىڭ نەنچۇڭ يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شەھەردە خىزمەت قىلىش پۇرسىتىدىن كەسكىنلىك بىلەن ۋاز كېچىپ يېزىغا قايتىپ، شۇ ئىشلىگىنىچە 30 نەچچە يىل خىزمەت قىلغان. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سەككىز يېزا - بازاردا پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ «بىرىنچى قول رەھبىرى» بولۇپ ئىشلىگەن، ھەربىر جايغا بارغاندا ئىستىل دۇرۇس، كەيپىيات توغرا، كادىرلار بىلەن ئامما ئىناق بولغان ۋەزىيەتنى ياراتقان.

2003 - يىلى، ۋېن جيەنمىڭ چېڭنەن بازىرى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغان. ئەينى چاغدا چېڭنەن بازىرى مەسىلە كۆپ بازار، دەپ ئاتالغان بولۇپ، بەنزە چېچىلاڭغۇ، ھېسابات ئىشلىرى قالايمىقان، ئەرزىيەتچىلەر كۆپ، ئامانلىقى ناچار، جەمئىيەت زىددىيەتى گەۋدىلىك ئىدى.

ۋېن جيەنمىڭ تەرەققىي قىلغاندىلا، ئاندىن مەسىلىنى ھەققىي ھەل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر بىلگەن. ئۇ كادىرلار بىلەن ئاممىنى يېتەكلەپ پىياز، سامساق قاتارلىق «خۇرۇچ كەسپى»نى تەرەققىي قىلدۇرغان؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى كەسىپ زەنجىرىدە قۇرۇپ، بىر تۈركۈم يەككە، خۇسۇسىي تىجارەتچىلەرنى كىرگۈزۈپ، يېڭىدىن 130 يەككە، خۇسۇسىي كارخانا قۇرۇپ، «يېزا ئىگىلىك ئەشيالىرى تەمىنات - سودا كوچىسى» «يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت كوچىسى» «قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاش كوچىسى» «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، پولات ماتېرىياللىرى كوچىسى»نى قۇرغان... چېڭنەن بازىرى بىر سەكرەپلا پۈتۈن ناھىيە بويىچە داڭلىق باي، ئىناق، ئۈلگىلىك بازارغا ئايلىنىپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىم 2002 - يىلىدىكى 2130 يۈەندىن 2010 - يىلىدىكى 7780 يۈەنگە كۆپەيگەن.

ئۇزاق مۇددەت يېزا - بازار خىزمىتى ئىشلەش تەجرىبىلىرىنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەش، مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق، ۋېن جيەنمىڭ «ئۈچ تۈزۈم، ئۈچنى بېكىتىش، ئۈچنى تەربىيەلەش» ۋە «ئىككىنى چۈشۈرۈش، ئىككىنى مەركەزلەشتۈرۈش» خىزمەت ئۇسۇلىنى ئىجادىي يولغا قويغان، بۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى يېزا - بازارلاردا ئومۇملاشتۇرۇلغان. ئۇنىڭغا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «مەملىكەت بويىچە ئىلغار خىزمەتچى» «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر كوممۇنىست پارتىيە ئەزاسى» «مەملىكەت بويىچە ئەخلاق نەمۇنىچىسى» قاتارلىقناملار بېرىلگەن.

2003 - يىلى، ۋېن جيەنمىڭنىڭ دەسلەپكى باسقۇچتىكى جىگەر قېتىشىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقى ئېنىقلانغان، ئۆيىدىكىلەر ۋە خىزمەتداشلىرى ئۇنى ياخشى داۋالىنىشقا دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەمىشە «خىزمەت ئالدىراش» دېگەننى باھانە قىلىپ داۋالىنىشنى داۋاملىق كەينىگە سۈرگەن. 2005 - يىلى، ۋېن جيەنمىڭنىڭ بىرلەمچى جىگەر راكىغا گىرىپتار بولغانلىقى ئېنىقلانغان، شۇنىڭدىن كېيىنكى سەككىز يىلدا، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 38 قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىنغان. «بىر كۈن ياشىساقمۇ، ئىززەت - ھۆرمىتىمىز، قىممىتىمىز بىلەن روھلۇق ياشىشىمىز كېرەك»، ئۇ بىر تەرەپتىن كېسەل بىلەن قەيسەرانە كۈرەش قىلىپ، بىر تەرەپتىن جان تىكىپ ئىشلىگەن.

2014 - يىلى 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، 51 ياشلىق ۋېن جيەنمىڭ كېسەل سەۋەبىدىن داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ئالەمدىن ئۆتكەن. 1000دىن ئارتۇق كادىر، ئامما يىڭشەن ناھىيەلىك دەپنىخانىغا بېرىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلغان بۇ ياخشى شۇجىنى كۆز يېشى قىلىپ ئۇزىتىپ قويغان.

ۋېن جيەنمىڭنىڭ روھى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈردى. «بىز ۋېن شۇجىغا ئوخشاش جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىپ، تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ سىرداشى بولىمىز.» يىڭشەن ناھىيەسى شياۋچياۋ بازارلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بەي شيۇخۇا مۇنداق دېدى: بىز «ۋېن جيەنمىڭ خىزمەت ئۇسۇلى»نى ئۆرنەك قىلىپ، خەلق رايىنى توپلاش كارتىسى، خىزمەت دوكلات كارتىسى، دېموكراتىك باھالاش كارتىسىدىن ئىبارەت «ئۈچ كارتا» تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، جەمئىيەتتىكى قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرىنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتۇق.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)